# قۇرئاننى يادقا ئالغان كىشىنىڭ ھالى باغلاقلىق تۆگىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى يادقا ئالغان كىشىنىڭ ھالى باغلاقلىق تۆگىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بولسە چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر سەل قارىسا كېتىپ قالىدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىستە «قۇرئان ساھىبى» دەپ كەلگەن بۇنىڭ مەنىسى قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالغان كىشى (قارى) دېگەن مەنىدە. «باغلانغان تۆگە ئىگىسگە ئوخشايدۇ» يەنى ئارقان بىلەن باغلانغان تۆگە مەنىسىدە. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئورتاقلىق نوقتىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن. تۆگە ئىگىسى تۆگىسىنى باغلاش ۋە دېققەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تۇرۇشتەك ئىشلارنى قىلىپ تۇرسا تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئەگەردە ئارقاننى بوشىتىپ ئۇنى تاشلاپ قويسا تۆگە كېتىپ قالىدۇ. قۇرئاننى يادقا ئالغان كىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، قۇرئاننى ئىزچىل تىلاۋەت قىلىپ تۇرسا، تەكرار قىلسا زېھنىدە تۇرىدۇ. ئەگەر تىلاۋەت قىلماي تاشلاپ قويسا قۇرئاننى ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ، قۇرئان ئىسىدىن كۆتۈرلۈپ كېتىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى جاپا مۇشەققەتلىك بولىدۇ. خۇددى تۆگىنى ئارقان بىلەن چىڭ، مەھكەم باغلىغاندا ئۇنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولغاندەك، قۇرئان ئىزچىل تىلاۋەت قىلىنسا ئۇنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە تۆگىنى مىسال قىلىپ تىلغا ئېلىشى تۆگە ھايۋانلار ئىچىدە تېز قېچىپ كېتىدىغان، قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى تۇتۇش قىيىن بولىدىغان ھايۋان بولغانلىق سەۋەبىدىندۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5658

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee